# كەسپلەر ساياھەتنى چۆرىدەپ ئۆزگەرتىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جاۋ شىبياۋ باغراش ناھىيەسى بېنپاۋ بەسەي تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش ئەزاسى. باغراش ناھىيەسى يېزا ئىگىلىكى ئارقىلىق ساياھەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ساياھەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىكى بىلەن ساياھەتنى يۇغۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلەتتى. ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋەزىيەتكە قاراپ ھەرىكەتكە كېلىپ، 40 نەچچە مو كۆكتاتلىقنى مېۋە ـ كۆكتات ئۈزۈش بېغىغا ئۆزگەرتتى، بۇ يىل يەنە كۆلەمنى 100 نەچچە موغا كېڭەيتىپ، يېشىل ئورگانىك مېۋە، كۆكتات تۈرىنى 125 خىلغا يەتكۈزۈپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

باغراشقا ئوخشاش، نۇرغۇن جاي ئۆز جايىنىڭ ئەۋزەل بايلىقىنى تۇتقا قىلىپ، خاس كەسىپ شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى تېزلەتتى، بارغانسېرى كۆپ كەنت ساياھەتنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈلگەن چوڭ ۋەزىيەتكە تەرتىپلىك قاتناشتى، ئىشلەپچىقىرىش، ئىستراھەت، ھېس قىلىش بىر گەۋدە قىلىنغان بىر تۈركۈم خاس يېزا ئىگىلىك ساياھەت ـ ئېكسكۇرسىيە بازىلىرى بارلىققا كەلدى. شىنجاڭدىكى 56 كەنت پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېزا ـ كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت بولۇپ باھالىنىپ، سانى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى؛ 70 كەنت ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت بولۇپ باھالاندى، بۇ يىل يەنە 160 كەنت ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ـ كەنت ساياھىتىدىكى نۇقتىلىق كەنت بەرپا قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى، ھەرقايسى جايلارنىڭ يېزا ـ كەنت ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىنلىقى سىجىل ئاشتى.

«سانائەت + ساياھەت» ئاممۇدلىششقا يۈزلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىدىكى يېڭى يارقىن نۇقتىغا ئايلاندى.

2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۈرۈمچى شەھىرى نۇرغۇن داڭلىق يېمەكلىك پىششىقلاش كارخانىسىنى كىرگۈزۈپ، نان مەدەنىيىتىنى كۆرگەزمە قىلىش، نان ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش، سېتىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن نان مەدەنىيىتى كەسىپلەر باغچىسى بەرپا قىلدى. نۆۋەتتە، بۇ يەر ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مۇھىم يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش بازىسى ۋە سانائەت ساياھىتى مەنزىرە نۇقتىسىغا ئايلاندى، ئەڭ كۆپ بولغاندا ھەر كۈنى كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 20 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ماس قەدەمدە بىر تۈركۈم نانچىلىق كەسپلەر باغچىلىرى بارلىققا كېلىپ، سودا كوچىسى، ساياھەت تاۋارلىرى يىغىلىش ـ تارقىلىش ئورنى بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنى تۇتاشتۇرۇپ يۇغۇرما تەرەققىي قىلدۇرىدىغان «مەرۋايىت مارجان»غا ۋە چوقۇم ساياھەت قىلىدىغان نۇقتىغا ئايلاندى.

ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى كۆكتوقايدا، تاشلاندۇق كان ئازگىلى ئېكولوگىيەلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، بىرلا ئۆزگىرىپ تورىدا كەڭ تارقالغان سانائەت ساياھەت مەنزىرە نۇقتىسىغا ئايلاندى؛ شىنجاڭ شياۋچۇ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىدە، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بولۇپ، ساياھەتچىلەر يەنە قەدىمكىگە تەقلىد قىلىنغان دۇكانلاردا سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرسا، ئاچچىقسۇ تەملىك ۋە جياڭيۇ تەملىك ماروژنى قاتارلىقلارنى تېتىپ كۆرۈپ، يېمەكلىكلەردىن قانغۇچە ھۇزۇرلانسا بولىدۇ... يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مول ئېنېرگىيە خىمىيە سانائىتى، جابدۇق ياسىمىچىلىقى، يېمەكلىك پىششىقلاش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق پىششىقلاش، ئۈزۈم ھارىقى قاتارلىق كەسىپ بايلىقلىرىغا تايىنىپ، سانائەت كارخانىلىرىنى سانائەت ساياھىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال يېتەكلىدى ھەم ئۇلارغا مەدەت بەردى، سانائەت ساياھىتىدىكى بىر تۈركۈم ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىلىرىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، سانائەت ساياھىتىنىڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسىدىكى قىممىتىنى جارى قىلدۇردى ھەم ئاما بەھرىمەن بولىدىغان ساياھەت مەھسۇلاتلىرىدىنى يېڭىلىق يارىتىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ساياھەت تەسىراتىنى بېيىتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ يېڭى تەرەققىيات بوشلۇقىنى كېڭەيتتى.

«ساياھەت +» مۇھىم ۋاستە قىلىنغان پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۈچ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا بىۋاستە تۈرتكە بولدى.

بۇ يىلىنىڭ بېشىدا، ئۈرۈمچى ناھىيەسى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بىلەن ھەمكارلىق رامكا كېلىشىمى ئىمزالاپ، دامىياۋ كەنتى سەھرا ساياھىتى ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى تۈرىنى قۇردى. بۇ تۈر ئۈرۈمچى نەنشەننىڭ ساياھەت بايلىقىغا تايىنىپ، «يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئۈچ كەسىپنى يۇغۇرۇش»نى نىشان قىلىپ، دامىياۋ كەنتىنى «ئېكولوگىيە، ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش، ساياھەت» بىر گەۋدە قىلىنغان «ساياھەت +» كەسىپ بازىسىغا ئايلاندۇرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى ناھىيەسى چوڭ نەنشەن خەلقئارا ساياھەت رايونى ۋە پۈتۈن رايون ساياھىتىدىن ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىشنى زىچ چۆرىدەپ، ساياھەت قۇرۇلۇشى سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ساياھەت بازىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ساياھەت مۇلازىمەت مۇھىتىنى ياخشىلاشنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى ئىشقا ئاشۇردى. 2019 ـ يىلى، بۇ ناھىيە كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 15 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، ساياھەت كىرىمى 20 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يەتتى.

«ساياھەت + تەنتەربىيە» «ساياھەت + قاتناش» «ساياھەت + مېتېئورولوگىيە» «ساياھەت + ساغلاملىق ـ كۆتۈنۈش» «ساياھەت + مائارىپ» قاتارلىق ئەندىزىلەر مەيدانغا كېلىپ، ساياھەت يېڭى كەسىپ ھالىتى ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ نوقۇل مەنزىرە نۇقتىسى، مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشىدىن ئۇنىۋېرسال ساياھەت مەنزىلگاھى مۇلازىمىتىگە ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، «ھەممىلا جاي ساياھەتكە باب كېلىش، ھەممىلا ساھەدە ساياھەت بولۇش، ھەممىلا ۋاقىتتا ساياھەت قىلغىلى بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇردى. ئىگىلىنىشىچە، 2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ساياھەتچىلىك، ئېلېكترونلۇق سودا، سودا ئەشيا ئوبوروتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان 3 ـ كەسىپ تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادقا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 63.3%كە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ساياھەتچىلىكتە 345 مىليارد 265 مىليون يۈەن كىرىم يارىتىلغان.

ئېكسكۇرسىيە ـ ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى، يېزا ـ كەنت ئىستىراھەت باش تېما باغچىسى، پۇقراۋى قونالغۇ ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى قاتارلىقلار يۇلتۇزلاردەك تارالدى، سانائەت ساياھىتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، مەدەنىيەت ئۆرپ ـ ئادەت باغچىسى، كەچلىك بازار قاتارلىق كوچا ـ رايون كەسپلەشكەن مەيدان ـ سورۇنلارنى كۆرۈپ ئۈلگۈرگىلى بولمايدۇ، مەنزىرە رايونى، شەھەر رايونى، دېھقانچىلىق رايونى ئۆزئارا تۇتىشىپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى تەدرىجىي ياخشى ھالەتكە قەدەم قويىدى... «شىنجاڭنى ساياھەت ئىقتىسادى كۈچلۈك رايون، دۇنيادىكى مۇھىم ساياھەت مەنزىلگاھى قىلىپ بەرپا قىلىش ئۈچۈن، كەسىپنى جەزمەن ساياھەتنى چۆرىدەپ ئۆزگەرتىپ، شۇ ئارقىلىق كەسىپ ئەندىزىسىنى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازار كۆلىمى ۋە سۈپىتىنى ماس قەدەمدە ئۆستۈرۈپ، ساياھەت ئىستېمالى ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىكى ئالاقىدار زات.





8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 4 ـ بىنا 9 ـ ئاغرىقلار رايونىدا، دوختۇرخانا ئىچىدە يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەشكە مەسئۇل سېستىرا چېن جىڭيى خىزمەتدىشىنىڭ مۇداپىئە كىيىمى كىيىشىگە ياردەملەشمەكتە.

## ئۇ سەپداشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىماقتا

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز چاۋ جىن، شىي لۇڭ خەۋىرى، فوتوسى



چېن جىڭيى خىزمەتدىشىغا ياردەملىشىپ كۆز قوغداش ئەينىكى سۈرتمەكتە.



چېن جىڭيى (سولدىن 1 ـ كىشى) خىزمەتدىشى بىلەن بىللە داۋالاش ئەخلەتلىرىنى پىچەتلەپ قاچىلىماقتا.

«ئەيشيا، كىيىپ بولغان بولسىڭىز زوڭزىيىپ ئولتۇرۇڭ، مۇداپىئە كىيىمىنىڭ ھىملىقىنى تەكشۈرۈپ باقاي.» 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتىگەندە، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ 4 ـ بىنا 9 ـ ئاغرىقلار رايونىدىكى مۇداپىئە كىيىمىنى كىيىش رايونىدا، ئىسمىنى ئالماشتۇرۇش ۋاقتى بولۇشى بىلەنلا، دوختۇرخانا ئىچىدە يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەشكە مەسئۇل سېستىرا چېن جىڭيى ئەڭ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، ھەممە ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

«ھەربىر ئەترەت ئەزاسىنىڭ مۇداپىئە كىيىمىنى توغرا كىيىپ، يۇقۇملىنىش خەۋپىدىن ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مېنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىم.» چېن جىڭيى مۇنداق دېدى: خىزمەتداشلىرىم ئايرىش رايونىغا كىرىپ ئاز دېگەندە تۆت سائەتتىن كۆپرەك ئىشلەيدۇ، بۇ جەرياندا مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى ھېچقانداق تەڭشەشكە بولمايدۇ، شۇڭا كىيىنگەندە چوقۇم ھەربىر ئىنچىكە ھالقىغا دىققەت قىلىپ، مۇداپىئەنىڭ جايىدا بولماي قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

كىيىنىپ بولغان خىزمەتداشلىرىنى ئايرىش رايونىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى ئەستايىدىللىق بىلەن كىيىنىشكە باشلىدى، ئاغرىقلار رايونىنى تەكشۈرۈش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش ۋە تازىلاشمۇ ئۇنىڭ كۈندىلىك مۇھىم خىزمىتى.

بۇيۇملارنىڭ يۈزىنى ئالدى ـ كەينىگە قايتۇرۇپ سۈرتمەسلىك، ئەخلەت خالتىسىنى چىگىشتە ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش، كىيىم سېلىش ئۆيىنى ئۇلترا بىنەپشە نۇردا دېزىنفېكسىيەلەشنى ياخشى ئىشلەش... دوختۇرخانا ئىچىدە يۇقۇملىنىشنى تىزگىنلەشكە مەسئۇل مەخسۇس خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ھەر كۈنى بۇ تەپسىلاتلارنى زېرىكمەي ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ، ھەمدە سېستىرالارغا ئۈلگە كۆرسىتىدۇ.

سەپداشلىرى ئىشتىن چۈشۈشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن، چېن جىڭيى ئارىلىق رايونىغا كىرىپ تازىلاپ، بەلگىلىك ئارىلىق ساقلاپ سەپداشلىرىغا مۇداپىئە كىيىمنى سېلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەسكەرتىدۇ. «بىز ھەر قېتىملىق كىيىنىشنى تۇنجى قېتىم دەپ بىلىشىمىز كېرەك، قانچە پىششىق بولغانسېرى شۇنچە بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى چېن جىڭيى.

سۈرەتلىك ھېكايە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

لى پېڭشىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى، ئۆزى سالغان ئۆي ئولتۇراق رايونىغا كېلىپ، مەھەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش، يۇقۇم كۆرۈلمىگەن ئولتۇراق رايون بەرپا قىلىش، ئاممىۋى باشقۇرۇش ـ مۇلازىمەت قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىگىلىدى، بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، مەھەللە خىزمەتچىلىرىگە رەھمەت ئېيتتى ھەم ئۇلاردىن ھال سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: مەھەللىلەر ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر، كۆپچىلىك ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇدا جەڭ قىلىپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، يۇقۇمنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ بىرىنچى سەپتىكى خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش سالمىقىنى ھەقىقىي زورايتىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، پىسخىكىلىق يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، كەڭ كادىرلارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە خاتىرجەم ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نۆۋەتتە يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، «تۆت تەرەپنىڭ مەسئۇلىيىتى»نى يەنىمۇ چىڭىتىپ، ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، قىلچە بوشاشماي نۇقتىلىق ئولتۇراق رايونلار، مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرى ۋە جەمئىيەت قاتلىمىدىن باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى كەم ـ كوتىسىز پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەھەللە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئامما خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى تەشۋىقاتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىياسەت، تەدبىرلىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، مۇلازىمەت كاپالىتىنى ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، كەيپىياتنى تەڭشەشنى سەۋرچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى ئەڭ زور چەكتە قولغا كەلتۈرۈپ، ياخشى ئىشنى ياخشى بېجىرىش، ئەمەلىي ئىشنى پۇختا قىلىش كېرەك. ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەلىپى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىياستىنى تەڭشەشكە بولىدىغان يۇقۇم كۆرۈلمىگەن ئولتۇراق رايونلارنىڭ دائىرىسىنى پائال، پۇختا، جانلىق، تەرتىپلىك ھالدا تەدرىجىي كېڭەيتىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئاساس سېلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: رايون(ناھىيە)لۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىلىق ۋە رايون(ناھىيە)لۇق پارتىيە كومىتېتى شۇجىسىنىڭ بىرىنچى سەپ باش قوماندانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مەسىلىلەرنى بايقاشقا، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش سىياستى بويىچە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، خىزمەت يېتەكچىلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەربىر ئاساسىي قاتلام كادىرنى سىياسەتتە زېرەك ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ، ھەربىر تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرنى ئىلمىي، ئۆلچەملىك ھالدا پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، ۋەن خەيچۈەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

## ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 36 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن بەش يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 702، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار 194 بولۇپ، جەمئىي 896.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېستىرالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)